# مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىدىكى مەنىنى يۇيۇۋېتەتتىم، ئاشۇ ھۆل كىيىم بىلەن نامازغا چىقىۋېرەتتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىدىكى مەنىنى يۇيۇۋېتەتتىم، ئاشۇ ھۆل كىيىم بىلەن نامازغا چىقىۋېرەتتى. يەنە بىر ھەدىستە «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىدىكى مەنىنى ئۇۋۇلىۋېتەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇۋېرەتتى» دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمگە گاھىدا مەني يۇقۇپ كەتكەندە، ھۆل ھالىتىدە بولسا ئۇنى يۇيىۋېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ كىيىمى قۇرىمىسىمۇ نامازغا چىقىۋېرىدىغانلىقىنى، گاھىدا مەني قۇرۇق بولسا ئۇنى ئۇۋۇلاپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى، شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىدىغانلىقىنى، بايان قىلىپ بەرگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3388